# بوران - چاپقۇن دېڭىزنى تاشتۇرۇۋېتەلمەيدۇ

## —— ئېقىمغا قارشى ھەرىكەت قىلغانلار جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ

□جۇڭ شېڭ

«يەر شارىۋىلىشىشنى رەت قىلىش قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى رەت قىلغانلىق.» بىر نەچچە يىل ئىلگىرى، ئامېرىكىنىڭ نوپۇزلۇق مۇخبىرى جورجى پاك ئامېرىكىلىقلارنى مۇشۇنداق ئاگاھلاندۇرغانىدى.

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار سەممىي نەسىھەتكە پۈتۈنلەي پىسەنت قىلماي، تارىخ ئېقىمى بىلەن ھېسابلاشماي، بۇنىڭدىن كېيىن «يەر شارىۋىزىم ئەمەس، بەلكى ئامېرىكىزم بىزنىڭ مەسلىكىمىز بولىدۇ» دەپ ئاشكارا جار سالدى. ئۇلار قاراڭغۇ ئۆيگە سولىنىۋېلىپ، توختىماي زامانغا لايىق كەلمەيدىغان، باشقىلارغىمۇ، ئۆزىگىمۇ زىيان يەتكۈزىدىغان ھەر خىل ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. تاموژنا بېجىنى كۆپەيتتى، ئېكسپورتنى تىزگىنلەشتىكى «ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكى»نى ئېلان قىلدى، سودا قورۇقچىلىقىنىڭ يوغان كالتىكىنى بارغانسېرى كۈچەپ پۇلاڭلاتتى؛ توپتىن چېكىنىدىغان، تام سالىدىغان، سودا ئۇرۇشى قىلىدىغان، تارىخ ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەت قىلىدىغان قىلمىشلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى. شۇڭا دۇنيا ئەھلى: مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئامېرىكا يەر شارىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىدىغان ئوخشىمامدۇ؟! دەپ ھەيران قېلىۋاتىدۇ.

ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىدى. ئۆتكەن نەچچە ئون يىلدا، ئامېرىكا ئىزچىل ئۆزىنى ئىقتىسادنى يەر شارىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەشەببۇس قىلغۇچىسى، شۇنداقلا ئەڭ زور نەپ ئالغۇچىسى دەپ ئاتاپ، ماختىنىپ كەلگەندى. لېكىن ھازىرقى ئامېرىكا «قالايمىقانلاشتۇرغۇچى» «بۇزغۇنچى»غا ئايلىنىپ قالدى، بۇ دۇنيا ئەھلىنى ھەقىقەتەن ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ، قانداقتۇر «ئەركىن سودا يەر شارىۋىلىشىش ئەمەس» «يەر شارىۋىلىشىشنىڭ ئامېرىكىدىكى مىليونلىغان ئىشچىلارغا ئېلىپ كېلىدىغىنى پەقەت نامراتلىق ۋە قايغۇ - ھەسرەت» دەۋاتىدۇ. بۇ سەپسەتىلەر دۆلەت ئىچىدىكى زىددىيەتنىڭ پالاكىتىنى ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىغا ئارتىپ، پۈتۈن يەر شارىنىڭ مەنپەئىتى ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئۆز مەنپەئىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە چوڭايتىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

دەل مۇشۇنداق يامان غەرەز بولغاچقا، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ئەقلىدىن ئېزىپ، دات بېسىپ كەتكەن «سوغۇق قورال»لارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ھە دېسىلا تاموژنا بېجى بىلەن بېسىم ئىشلىتىپ، «دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى تەكشۈرۈش»تىن قالايمىقان پايدىلىنىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنى ئارامىدا قويمايۋاتىدۇ. قائىدە ئېڭى ۋە ئەخلاق، ھەققانىيەت تۇيغۇسىنى دېمەيلا تۇرايلى، بۇ خىل دەۋر ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەت قىلىدىغان «ئامېرىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» راستىنلا ئامېرىكىنى «قايتا تۆرگە چىقىرالامدۇ؟»

«كىشىگە قىلساڭ يامانلىق، ساڭىمۇ يوقتۇر ئامانلىق.» سودا ئۇرۇشىنىڭ ئېلىپ كېلىدىغىنى شۇكى، «ئامېرىكىلىقلارنىڭ مال سېتىۋېلىش ھارۋىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ باھاسى ئۆسۈپ كېتىدۇ» «بۇ چىقىم ئامېرىكىدىكى ئىستېمالچىلارنىڭ ئۈستىگە ئارتىلىدۇ.» 2018 - يىلى ئامېرىكا دېھقانلىرىنىڭ ساپ كىرىمى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 16% تۆۋەنلەپ، ئون يىل ئىلگىرى خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى يۈز بەرگەن چاغدىكى سەۋىيەگە چۈشۈپ قالدى. ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى ھەرقايسى ساھەدىكىلەر بەك ئۈمىدسىزلەندى، ئامېرىكا سېرىق پۇرچاق جەمئىيىتى، ئامېرىكا كىيىم - كېچەك ۋە ئاياغ جەمئىيىتى، ئامېرىكا ئىستېمالچىلار تېخنىكا جەمئىيىتى قاتارلىقلار بەس - بەستە شىكايەت قىلىپ، «تاموژنا بېجىنى ئۆستۈرۈش پەقەت ئامېرىكىدىكى دېھقانلار، كارخانىلار ۋە ئىستېمالچىلارنى جازالايدۇ» دېيىشتى.

كەسپلەرنىڭ يۆتكىلىشى ۋە خەلقئارا ئىش تەقسىماتى ئارقىسىدىكى قانۇنىيەتكە پىسەنت قىلماي، ۋاشىنگتون «قارا كۈچى»گە تايىنىپلا ياسىمچىلىق كەسپىنى پۈتۈنلەي ئامېرىكىغا يۆتكەپ كېتەلەمدۇ؟ بۇ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىگەنلىك! «جەنۇبىي گېرمانىيە گېزىتى»دە يېقىندا ئېلان قىلىنغان ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: «ھالبۇكى ئامېرىكىدا بۇنداق ئارقىغا چېكىنىش پۈتۈنلەي مۇمكىن بولمايدىغان ئىش» —— ئىمپورت قىلىۋاتقان ئاشۇ مەھسۇلاتلارنى ئۆزى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن زور ئەمگەك كۈچى قوشۇنىغا قايتا ئىگە بولۇش كېرەك. رېئاللىق شۇكى، ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇن رايونلىرى ئەمگەك كۈچى كەمچىل بولۇش قىيىنچىلىقىغا دۇچ كەلمەكتە. ئىقتىسادىي سانلىق مەلۇماتلاردىمۇ خەۋپ - خەتەر ئالامەتلىرى كەم ئەمەس، ياسىمچىلىق جەھەتتە، بىرىنچى پەسىلدە ئامېرىكىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 2.1% تۆۋەنلىدى، 4 - ئايدا 3 - ئايدىكىدىن يەنە 0.5% تۆۋەنلىدى. ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىك ۋاستىسى بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا پۈتۈن يەر شارى كەسىپ زەنجىرىگە ئارىلىشىشى ئامېرىكىغا يەنە نېمىلەرنى ئېلىپ كېلەر؟ بۇ، ئوبرازىنى ئۆزى نابۇت قىلىش بولۇپلا قالماي، ئاقىۋەتتە پەقەت بىھۇدە ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت، خالاس!

ۋاشىنگتون «خەلقئارا مەسئۇلىيىتى»نى كۆز - كۆز قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئەمەسمىدى؟ ئامېرىكا ھەممە يەردە سودا ئۇرۇشى قوزغاپ، دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىگە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، «پۈتۈن يەر شارى ئاممىۋى مەھسۇلاتى»غا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. دۇنيا سودا تەشكىلاتى 2019 - يىلى پۈتۈن يەر شارى سودىسىنىڭ ئېشىش كۆزلىمىسىنى 3.7%تىن 2.6%كە تۆۋەنلەتتى، بۇ، ئۈچ يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيە. بۇ دەل ئامېرىكىنىڭ خەلقئارادىكى مەسئۇلىيىتىگە پىسەنت قىلماي، دۇنياغا يەنە بىر قېتىم «خارابلاشتۇرۇش تۇزىقى» قۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ تۈرلۈك سۆز - ھەرىكەتلىرىگە قارىتا ئامېرىكىدىكى ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ ھەممىسى: «ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتى، ئەمگەكچىلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنى باھانە قىلىپ، يەر شارىۋىلىشىش مۇساپىسىنى بۇراشقا ئۇرۇنۇشتەك بۇ خىل ھەرىكەت ھەم دۆلەت ئىچىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ، ھەم ئامېرىكىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان بەرپا قىلغان خەلقئارا ئوبرازىغا زىيان يەتكۈزىدۇ» دەپ دىمىقىدا كۈلۈپلا قويىدى.

ئامېرىكا يەر شارىۋىلىشىش يولىنىڭ قارشى يۆنىلىشىدە مېڭىپ بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، جۇڭگو باشتىن - ئاخىر مەسئۇلىيەت ۋە سەممىيلىك بىلەن يەر شارىۋىلىشىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللاپ، دۇنياغا جۇڭگو مەسئۇلىيىتىنى - جۇڭگونىڭ باشتىن - ئاخىر دۇنيا تىنچلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، پۈتۈن يەر شارىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقۇچى، خەلقئارا تەرتىپنىڭ قوغدىغۇچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە. بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگونىڭ ئىشكىنى ئېچىۋېتىشى پاسسىپ ھالدىكى ئەگىشىش ئەمەس، بەلكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېقىمغا يېتەكچىلىك قىلىپ، «تۆت كوچا ئېغىزى»دا تۇرۇپ قالغان دۇنياغا ئېنىقلىق قوشۇش ئۈچۈندۇر. بىرى چېكىنىۋاتىدۇ، بىرى ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، ھەقىقەت قايسى تەرەپتە؟ ئەخلاق ۋە ھەققانىيەت قايسى تەرەپتە؟ كىشىلەر قەلبى قايسى تەرەپكە مايىل؟ بۇنىڭغا تارىخ ھامان ئادىل باھا بېرىدۇ.

دۇنيا ئېقىمى ھەيۋەتلىك ئۆركەشلىمەكتە، ماسلاشقانلار روناق تاپىدۇ، قارشى چىققانلار ھالاك بولىدۇ. بىر دۆلەتنىڭ قانداق ئەمەلىي كۈچى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر ئېقىم بىلەن دۈشمەنلىشىپ، چوڭ ۋەزىيەت بىلەن قارشىلاشسا، مۇقەررەر ھالدا باش - كۆزى قانغا مىلىنىدۇ. بۈگۈنكى يەر شارى كەنتى نادانلىققا تولغان ئېپتىدائىي قەبىلە ئەمەس، ئىشىكنى تاقاپ ئاسمانغا قاراپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان چاغلار ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتتى، دۇنيا ئىقتىسادىدىن ئىبارەت بۇ دېڭىزنى قايتىدىن ئايرىم - ئايرىم يېگانە كۆللەرگە، كىچىك ئېقىنلارغا ئايلاندۇرىمەن دېيىشنىڭ جەزمەن چىقىش يولى بولمايدۇ. كىم بۇ دۇنيانى رەت قىلسا، جەزمەن بۇ دۇنيا تەرىپىدىن رەت قىلىنىدىغانلىقىنى تارىخ ئىسپاتلىغان، يەنە قايتا ئىسپاتلايدۇ. بىز ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلارغا شۇنداق نەسىھەت قىلىمىزكى: جاھىللىق بىلەن تارىخ ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەت قىلىۋەرسەڭلار مۇقەررەر مەغلۇپ بولىسىلەر!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق دېلولارنى سوت قىلىش سۈپىتى، ئۈنۈمى ئۈزلۈكسىز ئۆستى

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ يىل 4 - ئايدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى سوت مەھكىمىلىرى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى جەريانىدا دۇچ كەلگەن گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى دىققەت قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسىنى تۈزەشكە مەركەزلەشتۈرۈلگەن 13 ماددىلىق تەدبىرنى تارقاتتى. بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى سوت مەھكىمىلىرى دىققەتنى قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى گەۋدىلىك بولغان نۇقتىلىق رايونلارغا، كەسىپلەرگە ۋە ساھەلەرگە مەركەزلەشتۈردى؛ دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىققا بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزگەن قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ جىنايەتلىرىگە مەركەزلەشتۈردى؛ دىققەتنى قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ ئارقىسىدىكى «مۇناسىۋەت تورى» ۋە «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»گە مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر تۈركۈم قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق جىنايى دېلولارنى قاراپ چىقىپ، تەشكىللىگۈچىلىرىنى، كاتتىباشلىرىنى ۋە تايانچلىرىنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاپ، قەتئىي تېز سوتلاپ، ئېغىر ھۆكۈم قىلىپ، جىنايەتچىلەرگە قەتئىي ھېچقانداق پۇرسەت قالدۇرمىدى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق دېلولارنى سوت قىلىش سۈپىتى، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى ئەۋەتىپ، دوكلات ئاڭلاش، دېلو ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ چىقىش، بىرىنچى سەپتىكى سودىيەلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى، كونكرېت دېلولار توغرىسىدا بېجىرگۈچىلەر بىلەن سۆزلىشىپ، كەسپىي يېتەكچىلىكنى قانات يايدۇردى؛ قاراپ چىقىش جەريانىدا ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا، ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلدى ۋە پىكىر ئالماشتۇردى ھەم ئىجادىي خاراكتېرلىك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بېرىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىگە ئائىت تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرمىلارنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى 14 ۋىلايەت (ئوبلاست)شەھەردىكى شۆبە خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللارنى يىغىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى مەركەزلىك ئاڭلىدى ۋە بىرمۇبىر باھالىدى، ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، كېيىنكى باسقۇچتىكى خىزمەتلەرگە قارىتا قايتا سەپەرۋەر قىلدى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى سوت مەھكىمىلىرىدىن سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، كۈرەش قىلىش روھىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە جۈرئەت قىلىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىدىن ئىبارەت بۇ قاتتىق جەڭدە قەتئىي غەلىبە قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىمىزگە ئېلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق دېلولارنى سوت قىلىش خىزمىتىگە ئاتلىنىپ، قەتئىي، كەسكىن ھالدا قارا، رەزىل كۈچلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى «مۇناسىۋەت تورى» «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»گە قارشى كۈرەش قىلىمىز. فۇنكسىيەلىك رولىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قاراپ چىقىۋاتقان ياكى پات يېقىندا سوتلاش باسقۇچىغا كىرىدىغان دېلولارغا قارىتا قانۇنچىللىق تەپەككۇرى ۋە قانۇن ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇپ، پاكىتنى ئاساس، قانۇننى مىزان قىلىپ، پاكىت ئۆتكىلى، دەلىل - ئىسپات ئۆتكىلى، تەرتىپ ئۆتكىلى، قانۇننى تەتبىقلاش ئۆتكىلى ۋە ھۆكۈم - كېسىم ھۆججىتى ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلەپ، دېلو بېجىرىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى تەڭ ئۆستۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

### گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «لايىھە» بېسىپ تارقاتتى

# كەسپىي ماھارەتنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتى سىجىل قانات يايدۇرۇلىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «كەسپىي ماھارەتنى ئۆستۈرۈش ھەرىكەت لايىھەسى (2019 - 2021 - يىلى)» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «لايىھە» دېيىلدى)نى بېسىپ تارقاتتى.

«لايىھە»دە مۇنداق كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، قۇرۇلمىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى زىددىيەتلەرنى پەسەيتىشتىكى ئاچقۇچلۇق تەدبىر قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم تىرىكى قىلىپ، ئېھتىياج يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا مۇلازىمەت قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، ئومۇملۇق كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش تۈزۈمىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان نۇقتىلىق توپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئەمگەك كۈچى قاتارلىق شەھەر، يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئەمگەكچىلەرگە يۈزلىنىپ، كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، بىلىملىك، ماھارەتلىك، يېڭىلىق ياراتقۇچان ئەمگەكچىلەر زور قوشۇنى قۇرۇشنى تېزلىتىش كېرەك.

«لايىھە»دە مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: 2019 - يىلدىن 2021 - يىلغىچە، كەسپىي ماھارەتنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتى سىجىل قانات يايدۇرۇلۇپ، تەربىيەلەشنىڭ قاراتمىلىقى، ئۈنۈمدارلىقى ئاشۇرۇلۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ كەسپىي ماھارەت سەۋىيەسى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۈچ يىلدا تۈرلۈك تولۇقلىما خاراكتېرلىك كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش جەمئىي 50 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق قانات يايدۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 2019 - يىلى 15 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق تەربىيەلىنىدۇ؛ 2021 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ماھارەتلىك ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشقانلار ئومۇمىي مىقدارىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 25%تىن كۆپرەككە، يۇقىرى ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنىڭ ماھارەتلىك ئەمگەكچىلەر ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 30%تىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلىدۇ.

«لايىھە»دە كەسپىي ماھارەتنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇشتىكى سىياسەت - تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىرىنچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قاتارلىق نۇقتىلىق توپقا قارىتا قاراتمىلىقى بولغان كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش قانات يايدۇرۇلىدۇ. كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىش ئورنىنى يۆتكەش، كەسىپ ئالماشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەش زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان نۇقتىلىق توپقا قارىتا كەسپىي ماھارەتنى ئۆستۈرۈش بويىچە تەربىيەلەش ۋە ئىگىلىك تىكلەش بويىچە تەربىيەلەش قانات يايدۇرۇلىدۇ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرى ۋە نامرات ئائىلە پەرزەنتلىرىگە قارىتىلغان ماھارەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمەت سالمىقى ئاشۇرۇلىدۇ. ئىككىنچى، تەربىيەلەش سۇبيېكتلىرىنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغىتىلىپ، تەربىيەلەش تەمىناتى ئۈنۈملۈك ئاشۇرۇلىدۇ. كارخانىلارنىڭ كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشنى يولغا قويۇشقا مەدەت بېرىلىپ، كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان نۇقتىلىق توپ ۋە نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنى تەربىيەلەش كۆلىمىنى كېڭەيتىشىگە تۈرتكە بولۇنىدۇ، ئىجتىمائىي تەربىيەلەش ۋە باھالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش ۋە باھالاشنى قانات يايدۇرۇشقا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىپ، تەربىيەلەش مەزمۇنىدا يېڭىلىق يارىتىلىپ، كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش ئاساسىي ئىقتىدار قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ. ئۈچىنچى، كەسپىي تەربىيەلەش تولۇقلىمىسى سىياسىتى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكلەش، رىغبەتلەندۈرۈشى كۈچەيتىلىدۇ. يەرلىكنىڭ كەسپىي تەربىيەلەش تولۇقلىمىسى سىياستىنى تەڭشىشى، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە مەدەت بېرىلىپ، مەبلەغ جەھەتتىن قوللاش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، مەبلەغنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش قانۇن بويىچە كۈچەيتىلىدۇ ھەم قەرەللىك ھالدا مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى جەمئىيەتكە ئاشكارىلىنىپ، كەسپىي تەربىيەلەش تولۇقلىمىسى سىياستى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ.

«لايىھە»دە مۇنۇلار تەكىتلەندى: يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر كەسپىي ماھارەتنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى مۇھىم خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى قىلىپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك. ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش خىزمىتىدىكى «بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەربىيەلەش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش بىلەن باھالاشنى ئورگانىك جىپسلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. ھۈنەرۋەن روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ ۋە يېتىلدۈرۈپ، ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلار يېتىلىدىغان ياخشى مۇھىت يارىتىشى كېرەك.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياغزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)